دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

# ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىشىدا يامان غەرەز يوشۇرۇنغان

□ ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسىنىڭ سابىق كۆزەتكۈچىسى ئېركەش قۇرمانبېك

يېقىندا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ قىلچە تۆۋەن چېكى بولمىغان قوش ئۆلچىمى ۋە ساختا، بەتبەشىرە زومىگەرلىك لوگىكىسىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى. ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلار شىنجاڭغا كېلىپ باقمىغان، تىيانشاننىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيدۇ، تارىم دەرياسىنىڭ قەيەرگە ئاقىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغان، شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنىڭ قاياققا يۈزلىنىدىغانلىقىنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇلار «كىشىلىك ھوقۇق» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، ئاتالمىش «شىنجاڭ مەسىلىسى»دىن پايدىلىنىپ، جۇڭگونىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى، بۇنى كۆڭلىگە يامان غەرەز يوشۇرۇنغانلىق، رەزىللىكتە چېكىدىن ئاشقانلىق دېيىشكە بولىدۇ. مەن بۇنىڭغا كۈچلۈك غەزەپلىنىدىغانلىقىمنى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

ئۆتمۈشنى ئەسلىسەك، شۇنى بايقايالايمىزكى، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار باشقىلارنىڭ ياخشى بولۇشىنى كۆرەلمەيدۇ، قايسى دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى تېز، سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىم بولسا، ئامېرىكا شۇ ھامان جان ـ جەھلى بىلەن ئامالىنىڭ بارىچە قول تىقىپ، شۇ يەردە مالىمانچىلىق، ئەنسىزلىك پەيدا قىلىدۇ. ئامېرىكا تەرەپ «كىشىلىك ھوقۇق»نى قوغداشنى دەستەك قىلىپ، جۇڭگوغا كەلسە ـ كەلمەس قول تىقىپ، جۇڭگو شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن تۆھمەت قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىشتىكى تىرىشچانلىقىغا ھە دەپ قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە رەزىل نىيەتتە ھۇجۇم قىلىپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئېغىر دەرىجىدە ئارىلىشىپ، «شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇش»تەك رەزىل نىيىتىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى.

شىنجاڭ قانۇن بويىچە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنى قانات يايدۇردى، قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بەرگىنى زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرى، تەربىيەلەپ قۇتقۇزغىنى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان ئاشۇ كىشىلەر بولۇپ، خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرىغا مۇھىم تۆھپە قوشۇپ، پايدىلىق تەجرىبىلەرنى توپلىدى. شىنجاڭدا ئۈدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولدى، گۈللىنىپ تەرەققىي قىلدى، ھەر مىللەت ئامما خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ، بۇ، ئەڭ ياخشى شۇنداقلا ئەڭ كۈچلۈك ئىسپات. بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغانلىقى پۈتۈنلەي پاكىتقا كۆز يۇمغانلىق، تۇتۇرۇقسىز گەپ قىلغانلىق، قوش ئۆلچەم قوللانغانلىق، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشنى دەستەك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسقانلىق. ئامېرىكا تەرەپ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاشتا ياخشى نىيەتتە بولمىغان!

# ئامېرىكا تەرەپنىڭ رەزىل سۇيىقەستى ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ

□ شىنجاڭ سىفەن داشۆسى مۇزىكا شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن يۈەنجاڭى، پىروفېسسور، دوكتور باتۇر بارات

يېقىندا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى، بۇ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىق، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق. ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان بىر زىيالىي بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن چەكسىز غەزەپلىنىدىغانلىقىمنى، قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

بۇ ئىككى يىلدىكى قىشلىق، يازلىق تەتىل مەزگىلىدە، مەن تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەنى تاماملىغان بىر قىسىم تەربىيەلەنگۈچىلەر بىلەن ئۇچراشتىم، ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىدىن ئۇلاردىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلار ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى ئۈستىدە ئۇزۇل ـ كېسىل قايتا ئويلىنىپ، خاتالىقنى تونۇغان، تېخىمۇ مۇھىمى ئۆگىنىش، تەربىيەلىنىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى تولۇپ تاشقان. ئۇلار ماڭا تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئۆگىنىش ۋە تاماق ـ ياتاق ھەممىسىنىڭ ھەقسىز ئىكەنلىكىنى، مەيلى ئۆگىنىش ياكى تۇرمۇشنىڭ بولسۇن ئادىمىيلىك تەربىيەسى ۋە غەمخورلۇققا تولغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى ئىگىلەش دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەلەنگۈچىلەر ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ تېز تەربىيەلىنىش سىنىپى، ئوتتۇراھال تەربىيەلىنىش سىنىپى، ئاستا تەربىيەلىنىش سىنىپى بويىچە ئۆگىنىشكە ئىختىيارىي قاتنىشىدىكەن؛ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەلەنگۈچىلەر يەنە ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قىزىقىشىغا ئاساسەن، ئوخشاش بولمىغان تۈردىكى كەسپىي ماھارەت تەربىيەسى دەرسلىكىنى تاللايدىكەن؛ تەربىيەلەنگۈچىلەر ئۆزى شۇغۇللىنىدىغان كەسپىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ياكى تەرەققىيات ئىنتىلىشىگە ئاساسەن، مۇناسىپ تەربىيەلىنىشكە ۋە ياردەم بېرىش ـ يۆلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىكەن. ئوقۇتقۇچىلار ھەر تەرەپلىمە ھالدا ئىنچىكىلىك بىلەن يېتەكچىلىك قىلىپ، سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە بېرىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنى ئازادە، خۇشال تۇرمۇش، ئۆگىنىش مۇھىتىغا ئىگە قىلىدىكەن. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى ئادىمىيلىككە تولغان بۇ خىل ئۆگىنىش ئۇسۇلى ۋە باشقۇرۇش ئەندىزىسى بۇ يەرنى تېخىمۇ خۇشاللىققا تولغان چوڭ ئائىلىگە ئوخشاش قىلغان بولۇپ، بۇ يەردە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ۋە كۆيۈنۈشىنى تولۇق ھېس قىلغىلى بولىدىكەن. ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقىغا، ئۇلارغا خاتالىقنى بىلىش، خاتالىقنى ئۆزگەرتىش پۇرسىتى بەرگەنلىكىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتتى.

ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلاردىن سوراپ باقاي، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىن ئىبارەت بۇ دۇنياۋى قىيىن مەسىلىگە قارىتا سىلەر نېمىلەرنى قىلدىڭلار؟ سىلەر ئەمدى ئوت بىلەن ئويناشماڭلار، سىلەرنىڭ بىمەنە سەپسەتەڭلەر ئاللىبۇرۇن ئاشكارىلاندى، سىلەرنىڭ رەزىل سۇيىقەستىڭلار ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ! ئەگەر سىلەر تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش مەسىلىسىدە داۋاملىق قوش ئۆلچەمنى ئويناتساڭلار، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزۈڭلار قىلغان ئەسكىلىكنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى ئۆزۈڭلار تارتىسىلەر.

# تاغنىڭ ئېچكىرىسىدە بەخت ناخشىسى ياڭرىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۈگۈنكى كۈندىكى تۇرمۇش تىلغا ئېلىنسا، زۇلقەرخاننىڭ گېپى تۈگىمەيلا كېتىدۇ، «ھەر قېتىم باللار يورۇق چىراغ ئاستىدا ئۆگىنىش قىلغاندا، مەكتەپكە ماڭغۇچە ماڭا قولىنى پۇلاڭلىتىپ خوشلاشقاندا، چېگرا قوغدىغۇچى ئېرىم مائاشىنى ئالغاندا، مەن ئۆزۈمنى ناھايىتى بەختلىك ھېس قىلىمەن!»

«ياخشىمۇسىز!» ئالدىغا كېلە ـ كەلمەيلا، كەنت ئاھالىسى تۇرسۇن مەمەت بىز بىلەن سالاملاشتى. تۇرسۇن ناھايىتى ئىنچىكە ئادەم ئىكەن، ئۇنىڭ سۈرۈشتۈرۈشچە، كەنتكە توك يەتكۈزۈش ئۈچۈن، جۇڭگو ئېنېرگىيەسى شىنجاڭ تارماق شىركىتىنىڭ رەھبەرلىرى پۇتى ئۈزۈلۈپ قالاي دېگۈچە قاتراپتۇ. «توك يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت مۇشۇ بىر تۈردىلا، دۆلەت 33 مىليون يۈەندىن كۆپرەك چىقىم قىپتۇ!» دېدى تۇرسۇن مىننەتدار بولغان ھالدا.

جىمجىت كەنتتە ھەر كۈنى ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇراتتى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى ئولتۇرالماي قالدى، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىككى قولىغا تايىنىپ تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىشكە ئالدىرايتتى.

## ماھارەت ئۆگەندى يانچۇقى تومپايدى

«شېباك بىر كوي، قوي گۆشى ئىككى كوي، ئازراق ئاچچىقمۇ يا ئوتتۇراھال ئاچچىقمۇ؟» نىسا كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى تۇرسۇنبانۇ قادىر چاققانلىق بىلەن بىر تەخسە مالاتاڭنى خېرىدارغا سۇنغاچ، يان تېلېفونىدىكى ئېكىلىك كودنى ئاچتى، بىردەمدىلا 22 يۈەن ئۇنىڭ ئۈندىدار ھەمىيىنىغا كىردى.

تۇرسۇنبانۇ ئەنئەنىۋى ئائىلە ئايالى، بۇ يىل كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ئۆيمۇئۆي كىرىپ خىزمەت ئىشلەپ، كەنت ئاھالىلىرىنى سىرتقا چىقىپ ماھارەت ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇردى، بىراق ئۇ ئازراق ئىككىلىنىپ قالغانىدى. جۇڭگو ئېنېرگىيە پاي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى شىنجاڭ تارماق شىركىتىدىن نىسا كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 ـ شۇجى ۋاڭ مېڭ ۋە «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە قايتا ـ قايتا كىرىپ، ئۇنىڭغا ماھارەت ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۆز قولىغا تايىنىپ تىرىشىپ ئىشلەپ بېيىشنىڭ گۈزەل ئىستىقبالىنى تەكرار چۈشەندۈردى. كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى يەنە مەخسۇس ئېلېكترونلۇق چوڭ ئېكران زاكاز قىلىپ، ھەر كۈنى قەرەللىك ھالدا خەۋەر، يۈرۈشلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى فىلمى، قىزىل تەربىيە باش تېما قىلىنغان كىنو قاتارلىقلارنى قويۇپ بەردى، مۇشۇنداق يېتەكلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق، پارتىيەنىڭ ئاۋازىنى، سىرتقى دۇنيانى تۇرسۇنبانۇ ۋە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ قەلبىگە سىڭدۈردى.

ئاخىرى تۇرسۇنبانۇ قوشۇلدى. خوتەن ناھىيەسىدە بىر ئايدىن كۆپرەك ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئۇ ئاشپەزلىك تېخنىكىسىنى ئۆگەندى، بۇنىڭ ئىچىدە خوگو ھۈنىرىنى ئوبدانلا ئۆگىنىۋالدى. كەنتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ بىر ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى كوچا تەرەپكە قارىتىپ ئېچىپ، مالاتاڭ سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىرىنچى ئېيىدىلا 4000 يۈەندىن كۆپرەك پۇل تاپتى.

«ئىككى كەنتتىكى 100دىن كۆپرەك كىشى كەينى ـ كەينىدىن تاغدىن چىقىپ تۈرلۈك تېخنىكىلارنى ئۆگەندى ھەم تېخنىكىنى ئېلىپ تاغقا قايتىپ كەلدى، بىراق ئۇلار ئىلگىرىكىدەك ھازىرقى ئەھۋالغا قانائەت قىلىپ ئولتۇرمايدىغان بولدى، بۇ كەنتمۇ ئەمدى ئىلگىرىكى بېكىنمە كەنت ئەمەس!» دېدى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن غەيرەتنىڭ ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ۋاڭ مېڭ ھاياجانلانغان ھالدا.

## كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى كۆپەيدى غەيرىتى ئاشتى

قاراغۇتاغ كەنتىنىڭ 65 ياشلىق كەنت ئاھالىسى زايىرمەت ئەمەر قارا تۇماق كىيىۋالغانىدى، ئۇ بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى كۆرۈپ، گەپ باشلىدى: «قىزىم ھازىر يىراق چوڭ شەھەردە تۇرۇۋاتىدۇ، بىر ئايلىق مائاشى 5000 يۈەن ئىكەن!» ئۇ سۆز قىلغاچ، قوشنا ـ قولۇملىرىغا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قوياتتى. زايىرمەتنىڭ ماختىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ يەتكەن قوشنىلىرى ئاغزىنى تۇسۇپ كۈلۈشتى، زايىرمەتمۇ سەل ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ قاقاھلاپ كۈلۈۋېدى، يۈزىدىكى قورۇقلار مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ قالدى.

سىرتقا چىقىپ ئىشلەش كەنت ئاھالىلىرىنى ئىشەنچكە ئىگە قىلىپلا قالماي، يەنە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش جاسارىتىگە ئىگە قىلدى.

نىسا كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى روزىنىسا قادىر بىلەن ئېرىنىڭ خۇبېي ۋۇخەننىڭ جياڭئەن رايونىدىكى «ئەپەندى كاۋاپلىرى» دېگەن ئاشخانىدا ئىشلەۋاتقىنىغا بىر يىلدىن ئاشقان بولۇپ، ئايدا ياتاق، تاماقنى كۆتۈرگەندىن سىرت، يەنە 4000 يۈەن مائاش بېرىدىكەن، تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشى ئۆتۈۋېتىپتۇ.

سىرتقا چىقىپ ئىشلەش، ئىشىك ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشتىن سىرت، 3224 نامراتلارنى يۆلەش قوي ـ كالىسى نامرات ئاھالىلەرنىڭ قوتانلىرىغا كىرىپتۇ، 3500 نىيە قارا توخۇسى تۇخۇملاشقا باشلاپتۇ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى يىلسېرى ئېشىپتۇ.

ئۇزاق يىل ئۇيقۇدا ياتقان كىچىك تاغلىق كەنت ھاياتىي كۈچكە تولغانىدى. كەنت قىياپىتى پاكىز ۋە رەتلىك بولۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ چېھرىدە بەخت كۈلكىسى جىلۋىلىنەتتى، ھەر قېتىملىق بايراملىق تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىدە، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى كەنتتىكى «پۇقرالار چوڭ سەھنىسى»گە يىغىلىپ قانغۇچە ناخشا ئېيتىپ، پۇخادىن چىققۇچە ئۇسسۇل ئويناپ، چەكسىز كەتكەن كوئېنلۇن تېغىنىڭ ئېچكىرىسىدە بەخت ناخشىسىنى ياڭرىتىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مۇقىملىق تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى، تەرەققىيات مۇقىملىقنىڭ ئاساسى ۋە تىرىكى، ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى مۇقىم مۇھىتقا ئېھتىياجلىق. ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، شىنجاڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ خەۋپىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما «مۇقىملىق ــ بەخت، قالايمىقانچىلىق ــ ئاپەت» ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى يامراپ، جەمئىيەت داۋالغۇپ، ئەنسىز بولسا، تەرەققىياتتىن قىلچە سۆز ئاچقىلى بولمايدىغانلىقىنى، ھەتتا قولغا كەلتۈرگەن تەرەققىيات نەتىجىلىرىنىڭمۇ قولدىن كېتىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندى. كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا، شىنجاڭ ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا كۈچەش، قانۇنچىللىق تەشۋىقات ـ تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ ياردەم بېرىش ـ يۆلەش، تەربىيەلەش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

بۇ يىل، مەن قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق ئون ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى كۆپلىگەن كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئازادە، يورۇق سىنىپلاردا دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى ۋە تۈرلۈك كەسپىي ماھارەتلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. تەربىيەلەنگۈچىلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغاندا، كۆپچىلىك بەس ـ بەستە بۇ يەردىكى ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ ئىنتايىن ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە كىتاب ئوقۇش ئۆيى، داۋالاش ئۆيى ۋە مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئۆيى قاتارلىقلار بار بولۇپلا قالماي، پار، ھاۋا تەڭشىگۈچ قاتارلىق ئەسلىھەلەرمۇ تولۇق ئىكەن، يەنە ئۈچ ۋاخ تاماق ھەقسىز تەمىنلىنىدىكەن، ئوزۇقلۇق قىممىتى مول بولۇپلا قالماي، يەنە ئىنتايىن مەززىلىككەن. تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار داۋاملىق ئۆيىگە قايتالايدىكەن، ئالاقىلىشىش ئەركىنلىكى بار ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگىمۇ تولۇق ھۆرمەت قىلىنىپتۇ. ماڭا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قىلغىنى شۇكى، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى كېسەل داۋالاپ ئادەم قۇتقۇزىدىغان مەكتەپ، قاتتىق جازالىماستىن بەلكى قۇتقۇزۇۋېلىش، كەمستمەستىن بەلكى غەمخورلۇق قىلىش ئۇسۇلى بىلەن بىزگە ياردەم قىلدى، تەربىيەلىدى دەپ قارايدىكەن. ئۇلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قۇتقۇزۇۋېلىپ ۋە تەربىيەلەپ، ئۆزلىرىنى گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان تەلپۈنۈش ۋە ئىشەنچكە قايتا ئىگە قىلغانلىقىغا ئىنتايىن رەھمەت ئېيتتى. مەن يەنە بىر قىسىم تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇردۇم، ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە ئىشقا ئورۇنلاشتۇق، دېدى. ھازىر، ئۇلارنىڭ خىزمىتى، قىلىدىغان ئىشى، مۇقىم كىرىمى بار بولۇپلا قالماي، بەزىلىرى يەنە بېيىش باشلامچىلىرىغا ئايلىنىپتۇ، بەزىلىرى زاۋۇتلارنىڭ تايانچلىرىغا ئايلىنىپتۇ، بەنجاڭ(زۇجاڭ)، ھەتتا سېخ مۇدىرى بوپتۇ. ئەمەلىي تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيەسى تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزم جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ياكى جىنايى قىلمىشى بار كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە قۇتقۇزۇۋالغان؛ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ پەيدا بولۇش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى ئەڭ زور چەكتە يوقاتقان؛ پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلغان.

شىنجاڭدا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، مۇقىملىق پايدىسى ئۈزلۈكسىز قويۇپ بېرىلدى. ھازىرقى شىنجاڭ ئىقتىساد سېجىل تەرەققىي قىلغان، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولغان، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلانغان، ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشقان تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. شىنجاڭدا ئۈدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، جىنايى ئىشلار دېلولىرى، ئامانلىق دېلولىرى، بىخەتەرلىككە خەۋپ يەتكۈزۈش دېلولىرى، ئاممىۋى بىخەتەرلىك ۋەقەلىرى زور دەرىجىدە ئازايدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە بولغان ئىشەنچى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. ئىقتىسادتا يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئىشقا ئاشتى، 2018 ـ يىلى ئىشقا ئاشۇرۇلغان رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 تىرىليون 200 مىليارد يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىك كەسپىدە «شىددەتلىك» تەرەققىيات بارلىققا كەلدى، بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون كۈتۈۋالغان ساياھەتچى سانى تارىخىي خاراكتېرلىك 200 مىليون ئادەم قېتىمنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %42.62 ئاشتى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە مۇھىت ئاسراشتا ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، 2014 ـ يىلدىن 2018 ـ يىلغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا جەمئىي 588 مىڭ 700 ئائىلە، 2 مىليون 314 مىڭ 700 نامرات نوپۇسنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، شىنجاڭنىڭ ئاسمىنى تېخىمۇ كۆك، يېرى تېخىمۇ يېشىل، سۈيى تېخىمۇ سۈزۈك بولدى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئەھۋالى سېجىل ياخشىلاندى. ھۆكۈمەت ئادەتتىكى ئاممىۋى مالىيە خامچوت چىقىمىنىڭ %70دىن كۆپرەكىنى خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا ئىشلىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى. 2018 ـ يىلى، شىنجاڭدا قوش تىل يەسلىلىرىگە كىرىش نىسبىتى %95.95كە، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %99.91كە يەتتى؛ بۇ يىل 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا شەھەر ـ بازارلاردا يېڭىدىن 474 مىڭ ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتى، يىللىق نىشان ـ ۋەزىپە %105.34 ئورۇندالدى؛ ھەر يىلى ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكى تەكشۈرۈلدى. «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا كەڭ قانات يايدۇرۇلدى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۇرۇق ـ تۇغقاندەك يېقىن ئۆتۈپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇپ، بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇشقا مەزمۇت قەدەم تاشلىدى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر دىنىي سورۇن ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتىنى كۈچەپ ياخشىلاپ، «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش»، «توققۇزنى سەپلەش»نى يولغا قويۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلدى.

شىنجاڭدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىۋاتىدۇ. ئەمما ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار بۇلارنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ، ئىتتىپاق، مۇقىم شىنجاڭنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ، كۈنسېرى قۇدرەت تېپىۋاتقان جۇڭگونى كۆرۈشنى تېخىمۇ خالىمايدۇ، بىز ئامېرىكا تەرەپنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېنىق تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى ھەرقانداق كۈچ توسۇپ قالالمايدۇ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى جەزمەن ئىشقا ئاشىدۇ!